# 26213 ـ پەرىز تاۋاپتا بىر قېتىم كەبىنى ئايلىنىشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى توغرىسىدا

### سۇئال

بىر كىشى ھەج جەريانىدا پەرىز تاۋاپ قىلىۋېتىپ كەبىنى بىر قېتىم ئايلىنىشنى ئۇنتۇپ قىلىپ ھەرەم مەسچىتىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ھەج قىلغۇچى پەرىز تاۋاپنى قىلغاندا بىر قېتىملىق كەبىنى ئايلىنىشنى ئۇنتۇپ قالغاندا، ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسا، تاۋاپنى قايتىدىن قىلىدۇ، ئەمما ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن بولسا، ئۇنتۇلۇپ قالغان بىر قېتىملىق تاۋاپنى ھەمەن قايتىپ قىلسا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.